# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
8
يەكشەنبە
维吾尔文 11 月8日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25239 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭنىڭ «3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلدۇ.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئادەمنى يادرو قىلىپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش

# ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى

سۈپەتلىك رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىش

**پۈتۈن تارات قۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ خەۋەر قىلىدۇ:** ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتىشى ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى قىلىپ، شەھەر - بازارلارنىڭ بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، شەھەر - بازارلارنىڭ كەسپ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر - بازارلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت كاپالىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر - بازارلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەردىن 30ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر تۆت، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 26 (بىڭتۇەن شەھىرى ئون)، ناھىيە بازىرى 67، ئىشتاتلىق بازار 373، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 13 مىليون 90 مىڭغا، دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسنىڭ شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتى 51.87%كە يېتىپ، 2015 - يىلدىكىدىن 4.64 پىرسەنت پوئىنت ئاشقان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئىشچىلار جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنسازلىق چەكلىك شىركىتى ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە مەشغۇلات قىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى جابدۇق ياسىمىچىلىقىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىلارنى دىققەتنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق، خاسلاشقان زاكاز، يېشىل ياسىمىچىلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۈي فوتوسى

# جۇڭگو بازىرىنى دۇنيانىڭ بازىرىغا، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرايلى

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، پەقەت بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقىدا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، ئىچكى - تاشقى بازارنى تۇتاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىل بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو بازىرىنى دۇنيانىڭ بازىرىغا، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشىدۇ، دەپ جاكارلىدى ھەم ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ئېگىزلىك قۇرۇش، تاشقى سودىنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش، ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىق ۋە رايون ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق تۆت جەھەتتىكى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش تەدبىرىنى جاكارلىدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاساسىي مەقسەت نۇتقى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش ئىشەنچىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئورتاق ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولىدىغان چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.

ئېچىۋېتىش ھازىرقى جۇڭگونىڭ روشەن بەلگىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە دۇنياغا بەخت ياراتتى. بۈگۈنكى جۇڭگودا 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپى 400 مىليوندىن ئاشىدۇ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە چوڭ بازار. مۆلچەرلىنىشچە، كەلگۈسى ئون يىلدا تاۋار ئىمپورت سوممىسىنىڭ 22 تىرىليون دوللاردىن ئېشىشى مۇمكىن ئىكەن. جۇڭگو ياسىمىچىلىقى يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، جۇڭگونىڭ كەڭ ئىچكى ئېھتىياج بازىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى داۋاملىق قوزغىتىدۇ. تويۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ئالدىدا، جۇڭگو خەلقى مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادتا مۇقىم ياخشىلىنىش ھالىتى نامايان بولدى، تاشقى سودا مۇقىم ئېشىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتا پائال رول ئوينىدى. گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ يىل جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمى يەنىلا تېزلەشمەكتە. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭگو باشتىن - ئاخىر يەر شارىۋى ئورتاق ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم تۈرتكە بولغۇچىسى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 101 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 101 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەر، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاش تۇزىنى ساقلاش ۋە باشقۇرۇش چارىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ تەرەققىيات بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچ قوشۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ قەشقەردىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 14 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 14 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى جۇ يۈلۈڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرىقى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چىرا ناھىيەسىدە:

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «كاپالەت تورى» زىچ، پۇختا توقۇلدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش . قايتىدىن نامراتلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، نامرات ناھىيەلەردە جەڭگاھ ھەيدەكچىلىك قىلىش

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«ئائىلىمىز ياغاچ، چىلان ئۆستۈرىدى، ئوغلۇم كەنتتە خىزمەت قىلىدۇ، ئايلىق مائاشى 2700 يۈەن، تۇرمۇش شارائىتىمىز ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى.» ئالتۇن كۈز مەزگىلىدە، چىرا ناھىيەسىنىڭ گۇلاخما بازىرى شىياۋكاڭ يېڭى رايونى مەنخاك يېڭى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمتىمىن مەتتۇرى ھويلىسىدا ياغاچ قۇرۇتقاچ مۇخبىرغا تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى.

مەمتىمىن تۇرۇشلۇق چىرا ناھىيەسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ناچار بولۇپ، بوستانلىق كۆلىمى ئاران 2.9%نى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ناھىيە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە، دىققەتنى داۋالاش، مائارىپ، تۇرالغۇ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، شەكلى تېخىمۇ جانلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقى تېخىمۇ كۈچلۈك، ھازىرقى باسقۇچتىكى يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «كاپالەت تورى»نى پۇختا توقۇدى.

كەمتۈكلۈكلەر تولۇقلاندى بەختلىك تۇرمۇش باشلاندى

«ھەممىسى شورلۇق يەر ئىدى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بىر موغىمۇ يەتمەيتتى، بوران چىقسىلا قۇم - شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ، قاچىلىرىمىزمۇ قۇم بولۇپ كېتەتتى.» چىرا ناھىيەسىنىڭ گۇلاخما بازىرى شىياۋكاڭ يېڭى رايونى مەنخاك يېڭى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى گۈلچىمەن نۇرىنىڭ ئىلگىرىكى جاپالىق كۈنلىرى ھېلىمۇ ئېسىدە.

شۇ چاغلاردا، گۈلچىمەن ھەممە تەرىپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتى، يېقىن ئەتراپتىكى يەرلەر تېرىقچىلىق قىلىشقا ۋە چارۋا بېقىشقا ماس كەلمەيتتى، باشقا كىرىم ئاشۇرۇش يوللىرىمۇ بولمىغاچقا، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 3000 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى.

باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش چىرا ناھىيەسىنىڭ تاغ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا يولغا قويغان نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش قۇرۇلۇشى. «باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى چىرا ناھىيەلىك نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن جۇڭشىڭ.

مۇخبىر باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسىدا، دېھقانلارنىڭ ھويلىسىنىڭ پاكىز، رەتلىك ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇش، باغچىلىق، تېرىقچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئايرىلغانلىقىنى كۆردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاخباراتچىلار بايرىمى يېتىپ كەلدى شىنجاڭ ئاخبارات ساھەسىدە خۇشاللىقلار ئۇزۇلمىدى

## يەتتە پارچە ئەسەر جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى 563 پارچە ئەسەر شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 21 - قېتىملىق جۇڭگو ئاخباراتچىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، شىنجاڭ ئاخبارات ساھەسىدە خۇشاللىقلار ئۈزۈلمىدى. يېقىندا، 30 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، شىنجاڭدىن يەتتە پارچە ئەسەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بەش 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 563 پارچە ئەسەر شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بىرىنچى سەپتىكى ئون مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ گۇرۇھى)نىڭ ئۈچ پارچە ئەسىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 2 - ، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ «بىر تال ئانار دانىسى قىزىل تۇپراقتا يىلتىز تارتىش» ناملىق تەپسىلىي خەۋىرى بۇ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)